شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 11 - ئاي
5
سەيشەنبە
维吾尔文 11 月5日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65−0002/−W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24870 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا يامايكا زۇڭلىسى، گرېتسىيە زۇڭلىسى، سېربىيە زۇڭلىسى بىلەن كۆرۈشتى

شى جىنپىڭ لىنجېڭ يۈئې بىلەن كۆرۈشتى

مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۇقتۇرۇش بېسىپ تارقاتتى

1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرىنىڭ تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى «قايتا قاراپ چىقىلدۇ»

2 - بەتتە

شى جىنپىڭ ۋە پېڭ لىيۈەن زىياپەت بېرىپ 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىدىغان ھەرقايسى دۆلەت ئەزىز مېھمانلىرىنى قارشى ئالدى



11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن شاڭخەي تىنچلىق مېھمانخانىسىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىدىغان ھەرقايسى دۆلەت ئەزىز مېھمانلىرىنى قارشى ئالدى. سۈرەتتە: شى جىنپىڭ تەبرىك سۆزى قىلماقتا.

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ يې فوتوسى

11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن شاڭخەي تىنچلىق مېھمانخانىسىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىدىغان ھەرقايسى دۆلەت ئەزىز مېھمانلىرىنى قارشى ئالدى. سۈرەتتە: زىياپەتتىن ئىلگىرى، شى جىنپىڭ ۋە پېڭ لىيۈەن فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون ئەر - خوتۇن، يامايكا زۇڭلىسى ھولنېس ئەر - خوتۇن، گرېتسىيە زۇڭلىسى مىتسوتاكىس ئەر - خوتۇن، سېربىيە زۇڭلىسى برنابىچ قاتارلىق چەت ئەل تەرەپ ئەزىز مېھمانلىرى بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي، 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار جى مىڭ، سۈن يى) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ۋە رەپىقىسى پېڭ لىيۈەن 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كەچتە شاڭخەي تىنچلىق مېھمانخانىسىدا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىدىغان ھەرقايسى دۆلەت ئەزىز مېھمانلىرىنى قارشى ئالدى.

ئالتۇن كۈز مەزگىلىدە، ئون چاقىرىملىق ۋەيتەندە، خۇاڭپۇجياڭ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا، ئېگىز ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرگەن، رەڭگارەڭ چىراغ نۇرلىرى كۆزنى چاقنىتىدىغان بولۇپ، گۈللىنىش مەنزىرىسى نامايان بولۇپ تۇراتتى. يۈز يىلغا يېقىن تارىختا ئىگە تىنچلىق مېھمانخانىسى 30 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا قەد كۆتۈرگەن لۇجيازۇي پۇل مۇئامىلە مەركىزى بىلەن ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولۇپ، شاڭخەينىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشى ۋە جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىش مۇساپىسىگە ئورتاق گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى.

كەچ سائەت 6لەردە، فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون ئەر - خوتۇن، يامايكا زۇڭلىسى ھولنېس ئەر - خوتۇن، گرېتسىيە زۇڭلىسى مىتسوتاكىس ئەر - خوتۇن، سېربىيە زۇڭلىسى برنابىچ قاتارلىق چەت ئەل تەرەپ ئەزىز مېھمانلىرى ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلدى. شى جىنپىڭ ۋە پېڭ لىيۈەن ئۇلار بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇردى ھەم بىللە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

كەچ سائەت 7لەردە، زىياپەت باشلاندى. شى جىنپىڭ تەبرىك سۆزى قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە ئەزىز مېھمانلارنىڭ كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىنقى زاماندىن بۇيان، شاڭخەينىڭ «دەريا، دېڭىز ئارقىلىق تەرەپ - تەرەپنى تۇتاشتۇرىدىغان كىچىك، شەرقىي جەنۇبتىكى چوڭ شەھەر» دېگەن گۈزەل نامى بار، ئۇ جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىش كەيپىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان باشلامچى بولۇپ، يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ بىر خەلقئارالاشقان چوڭ شەھەرگە ئايلاندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىل، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگو دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، جۇڭخۇا زېمىنىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. جۇڭگونىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە، بىز دۇنيا ياخشى بولسا، جۇڭگونىڭ ياخشى بولىدىغانلىقىنى؛ جۇڭگو ياخشى بولسا، دۇنيانىڭ تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى ۋە ھازىرقى مۇقىملىق، تەرەققىيات خىزمىتى تەتقىق قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەش كېرەك

چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرىنىڭ تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىغا «قايتا قاراپ چىقىش» ۋە 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىگە ئالاقىدار خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇشنى تەتقىق قىلدى، ھازىرقى مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە ئالاقىدار ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى، ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرىنىڭ تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىغا «قايتا قاراپ چىقىش» خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا، ياخشى قانات يايدۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەڭ ياخشى ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەۋى تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى سىجىل چوڭقۇر ئۆگىنىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يېتىشىپ ئۆگىنىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. تۈزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»نى پۇختا قانات يايدۇرۇش كېرەك. 1 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرى دىققىتىنى تۈزىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

خەلق گېزىتى ئوبزورچى ماقالىسى

تۇغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتايلى

—— پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

3 - بەتتە

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى يىغىنىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

پارتىيەنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر شاۋكەت ئىمىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشى ئۈچۈن ئەقىل ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئېچىلدى، يىغىندا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، سادىقلىق بىلەن ۋەتەننى قوغداپ، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىمىز

—— پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

ئۇلۇغ خىتاب ئارقىلىق جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، سادىقلىق بىلەن چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىپ، مۇقەددەس بۇرچنى دادىل زىممىگە ئېلىش. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر بەس - بەستە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، سادىقلىق بىلەن چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىپ، بۇرچنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەيدىغان روھ بىلەن دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردە ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىمىز.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)